3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

تىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ كۆپ ماھارەت بىرىكتۈرۈلگەن، تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان، پۈتۈن شارائىتتا ماس كېلىدىغان بىر سەرخىل قوشۇننى تاۋلاپ چىقىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەترەتلىرىنىڭ مەخسۇس تۈردىكى مەشىق ئەھۋالىنى كۆردى. شى جىنپىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىنىڭ تەڭشەپ تەشكىللەپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ۋە ۋەزىپىنى تاماملاش ئەھۋالىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

شى جىنپىڭ دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى قۇرۇلۇشىنى ئىستراتېگىيەلىك لايىھەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى، خەۋپسىزلىك ئىستراتېگىيەسى، ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئارمىيەنىڭ بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى، يۆنىلىشى، يولى، مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يول خەرىتىسى، قۇرۇلۇش خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى قۇرۇلۇشى يولىنى ئېچىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، كەلگۈسىنى كۆزلەپ، گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە رېئال ئېھتىياجنى ھەل قىلىشنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى پىلانلاش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بارلىق زېھىن ۋە كۈچنى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە، جەڭ قىلىشقا قارىتىپ، يۈكسەك ھوشيار بولۇش ھالىتىنى ساقلاش كېرەك. دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى كۆپ خىل، ئىقتىدار تەلىپى كۆپ مەنبەلىك بولۇپ، ئۇرۇش ئارقىلىق مەشىققە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىپىنى يېتەكچى قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قاراتمىلىق بولغان، تىركىشىش خاراكتېرلىك مەشىقنى كۈچەيتىپ، قىيىن، تەلەپچان بولۇشتىن باشلاپ قىسىملارنى مەشىقلەندۈرۈش ۋە چېنىقتۇرۇش كېرەك. ئۇرۇش قىلىش نەزەرىيەسى، مەشىق ئەندىزىسى، ۋەزىپە بويىچە گۇرۇپپا تەشكىللەش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، مەشىق سەۋىيەسى ۋە ئەمەلىي جەڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قارىمىقىدىكى ئۇرۇش قىلىش كۈچى، ئۇرۇش قىلىش بىرلىكى، ئۇرۇش قىلىش مۇھىم ئامىلىنى يۇغۇرۇپ تۇپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باشقا ئارمىيە، قىسىم تۈردىكى قىسىملار بىلەن ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار قوماندانلىق مۇناسىۋىتى، كاپالەتلەندۈرۈش مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش سىستېمىسىغا چوڭقۇر سىڭىشىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى قاتتىق تۇتۇپ، قىسمىنىڭ مۇتلەق سادىق، مۇتلەق ساپ، مۇتلەق ئىشەنچلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىنىڭ خاس ئارمىيە تۈرى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان جەڭگىۋار روھنى يېتىلدۈرۈپ، قىسمنى ھەيۋە كۆرستەلەيدىغان بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. قىسمنىڭ تەلىم - تەربىيەسنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، قىسمنىڭ يۈكسەك مەركەزلەشكەن بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقنى ساقلاش كېرەك. پىكىر يولى، تەدبىرلەردە يېڭىلىق يارىتىپ، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇپ، ئاساس سېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئاساسىي قاتلامنى تاۋلاپ چىقىش كېرەك. ئىتتىپاق، دوستانە، ئىناق، ساپ ئىچكى قىسىم مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقنى تولۇق قوزغىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە يەنىلا ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىپ، قىسىم قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

شۇ چىلياڭ قاتارلىقلار پائالىيەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمىدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيەنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەت» يۈكسەكلىكىدىن چىقىش قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆزىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىنى پائال قوللاپ، ماسلىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تاپشۇرغان كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي ياخشى ئورۇندىشى كېرەك.

ۋاڭ رۇڭجۈن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۆزىتىش پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن مۇھىم ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك فۇنكسىيەسى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا بولغان سىياسىي نازارەتچىلىك. مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، كۆزىتىش خىزمىتى فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي كۆزىتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيەسى، مەسئۇلىيىتىنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى باسقۇچلۇق ئاساسلىق زىددىيەتنى چىڭ كۆزلەپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلارنى چىڭ كۆزلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە يوليورۇقى، تەستىقي يوليورۇقنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەمدە تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەيدۇ؛ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، سىياسىي ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇللۇق، دائىملىق خىزمەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەت ۋە نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە نازارەت قىلىش، چەكلەش ئەھۋالىغا بولغان نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىدۇ؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى، ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تۇتۇش ۋە كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش ئەھۋالىغا بولغان نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىدۇ؛ مەركەزنىڭ كۆزىتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش قاتارلىق نازارەت قىلىشتا بايقالغان مەسىلىلەر ۋە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە تەكشۈرۈلگەن - كۆزىتىلگەن مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۆزىتىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، كۆزىتىشكە قەتئىي ماسلىشىپ، كۆزىتىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاش كېرەك. سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، كەسكىن تۈردە نازارەت قىلىپ، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىپ، جاۋابكارلىققا تارتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم - كۈتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۆزىتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىجىل ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىككى يېرىم ئاي ئەتراپىدا خىزمەت قىلىدۇ. كۆزىتىش مەزگىلىدە مەخسۇس نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 2502759 ـ 0991؛ مەخسۇس پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى A092 نومۇرلۇق خەت ساندۇقى تەسىس قىلدى. كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ھەر كۈنى تېلېفون قوبۇل قىلىش ۋاقتى: سائەت 10:00دىن 20:00گىچە بولىدۇ. كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەرزىيەت قوبۇل قىلىش ۋاقتى 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە بولىدۇ. كۆزىتىش خىزمىتى نىزامدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسى ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى، بىر دەرىجە تۆۋەن پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە مۇھىم ئىش ئورنىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسىلىسى ئىنكاس قىلىنغان خەت، تېلېفون، ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، سىياسىي ئىنتىزام، تەشكىلىي ئىنتىزام، پاكلىق ئىنتىزامى، ئاممىۋى ئىنتىزام، خىزمەت ئىنتىزامى ۋە تۇرمۇش ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پاش قىلىش ۋە ئىنكاسلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. كۆزىتىشنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە تەۋە بولمىغان باشقا ئەرزىيەت مەسىلىلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەممىنى بەلگىلەيدىغان، دىپلوم ھەممىنى بەلگىلەيدىغان، ئىلمىي ماقالە ھەممىنى بەلگىلەيدىغان، قالپاق ھەممىنى بەلگىلەيدىغان جاھىل كېسەللەرنى قەتئىي تۈگىتىپ، مائارىپ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مائارىپنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش، مائارىپ كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن بۇ لايىھە تۈزۈپ چىقىلدى.

«لايىھە»نىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىنى سىستېمىلىق ئالغا سىلجىتىپ، ساپا مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىلمىي مائارىپ تەرەققىيات قارىشى، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قارىشى، ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشكە مۇلازىمەت قىلىدىغان مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالىدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش.

«لايىھە»نىڭ ئاساسىي پرىنسىپى: ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مائارىپنى باھالاش دىرىژورلۇق تايىقى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي ئادەم تەربىيەلەش نىشانى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، مائارىپنىڭ توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، جەمئىيەت دىققەت قىلىۋاتقان مەسىلىلەردىن باشلاپ قول سېلىپ تۇتۇپ، قالدۇرۇش بىلەن تۇرغۇزۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپنى باھالاشنىڭ ئاچقۇچلۇق ساھەلىرىدىكى ئىسلاھاتتا ماھىيەتلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش. ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نەتىجىنى باھالاشنى ياخشىلاپ، جەريانىنى باھالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قوشۇلما قىممەتنى باھالاش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنىۋېرسال باھالاشنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مائارىپنى باھالاشنىڭ ئىلمىيلىكى، كەسپىيلىكى، ئوبيېكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان سۇبيېكت ۋە ئوخشاش بولمىغان ئوقۇش باسقۇچى، ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى مائارىپ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، تۈرگە ئايرىپ لايىھەلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكى، ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىش. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگودا يىلتىز تارتىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، مەۋقەنى دەۋرگە قويۇپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تەرەققىيات يولىدا مېڭىش.

«لايىھە»دە بېكىتىلگەن ئىسلاھات نىشانى: بەش يىلدىن ئون يىلغىچە تىرىشىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئىلمىي ئادا قىلىش سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلارنى قېتىرقىنىپ ئادەم تەربىيەلەشكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت باھالاش تۈزۈمىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك باھالاش چارىسىنى تېخىمۇ كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش، جەمئىيەت ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش شەكلىنى تېخىمۇ ئىلمىي قىلىش. 2035 - يىلىغا بارغاندا، دەۋر ئالاھىدىلىكى مول، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك نامايان قىلىنغان، دۇنياۋى سەۋىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن مائارىپ باھالاش سىستېمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈش.

«لايىھە»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر: پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى باھالىشىنى ئىسلاھ قىلىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى ئىلمىي ئادا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش؛ مەكتەپلەرنى باھالاشنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش؛ ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاشنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئالغا سىلجىتىش؛ ئوقۇغۇچىلارنى باھالاشنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئادەم ئىشلىتىشنى باھالاشنى ئىسلاھ قىلىپ، مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ياخشى مۇھىتىنى ئورتاق يارىتىش.

«لايىھە»نى تەشكىللەپ يولغا قويۇشتا بىرىنچى، ئىسلاھات مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، ئىككىنچى، كەسپىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك، ئۈچىنچى، ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىز 7 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايون 7 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 3 - قېتىملىق ئومۇمىي(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 7 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ 7 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 7 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى بىر قېتىملىق مۇھىم، زور دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچىنى تەكشۈرۈش بولۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇس ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ، نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىراجىتى - ماددىي ئەشيالىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، «ئىككى خادىم»لارنى ئۇنىۋېرسال كەسىپ بويىچە تەربىيەلەشتە «قايتا قاراپ چىقىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەكتىنى ئېنىقلاش، تىزىملاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئولتۇراق رايون ئىچىدىكى ئىمارەت، ئولتۇراق ئۆي دەنيۈەنلىرى، ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلەرنى، بولۇپمۇ كۆچمە نوپۇسلارنى بىر - بىرلەپ رەتكە تۇرغۇزۇپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى تەشكىللەپ، تولۇق، تەپسىلىي بولغان ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، تىزىملاش تىزىملىكى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئېلېكترونلاشقان توپلاشنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ، سانلىق مەلۇمات توپلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، سانلىق مەلۇماتلارغا سۈنئىي ئارىلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەقىقىي، دەل جايىدا بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلىشى كېرەك. پۈتۈن جەريانلىق سۈپەت كونترول قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن سانلىق مەلۇماتلارنى ئېنىقلىغىلى، سۈرۈشتۈرگىلى، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرگىلى بولىدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.